# 6992 ـ خىرىستىئان قېرىندىشىنىڭ توي زىياپىتىگە قاتنىشامدۇ

## سۇئال

ئەلھەمدۇ لىللاھ ، مەن بىر دىنىمنى ئىسلامغا ئۆزگەرتكۈچى . مىنىڭ ئائىلەم يەنىلا خىرىستىئان . مىنىڭ قېرىندىشىم توي قىلماقچى، ھەمدە بۇ، تاماقتىن كىيىنكى چېركاۋدىكى دىنىي خىزمەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . مەن ئائىلەمگە بۇ دىنىي خىزمەتلەرگە قاتنىشالمايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. مەن ئىسلامنىڭ ئايالىم ۋە بالام بىلەن بۇ تائامغا ئىشتىراك قىلىشىمغا رۇخسەت قىلامدۇ-يوق بىلمەكچىمەن ، چۈنكى ئۇ يەردە بەزى خىرىستىئانلارغا تائام بىلەن ھاراقلار ئەكىلىنىدۇ . ئەگەر رۇخسەت قىلىنمىسا ، ماغا نىمە مەسلەھەتىڭلار بار. دەلىل بىلەن جاۋاپ بەرسەڭلار. بۇ مەسىلە ئىنتايىن مۇھىم ، چۈنكى مەن دادامدىن[ئۇنىڭ ئىختىيارى بىلەن] 7 يىل ياتلىشىپ يۈردۈم ھەمدە مەن ئۇلارنى ئىسلامغا تەكلىپ قىلماقچى . جەزاكەللاھۇ خەيرەن .

## تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

بىز ئاللاھنى سىزنى ئىسلامغا يىتەكلىگەنلىكى ئۈچۈن مەدھىيلەيمىز ھەمدە ئۇنىڭدىن سىزنىڭ ئىسلامدا چىڭ تۇرۇشىڭىزغا ياردەم قىلىش ، ئائىلىڭىزنى ئىسلامغا يىتەكلەش ئارقىلىق نىئمىتىنى تاماملىشىنى سورايمىز .

2- سىز چېركاۋدىكى دىنى خىزمەتلەرگە قاتناشماي توغرا ئىشنى قىلغىلىۋىتىپسىز ، چۈنكى غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنى ئىشلىرىغا ئىشتىراك قىلىش ، ئاز بولغاندا ئېغىر گۇناھ ، ھەمدە كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدۇ .

3- تاماقلارغا قوشۇلۇپ ھاراق ئەكىلىنىدىغان قېرىندىشىڭىزنىڭ توي زىياپىتىگە قاتنىشىشىڭىزغا كەلسەك ، بىز ئۆزىڭىز ئېيتقاندەك قاتناشماسلىقىقا نەسىھەت قىلىمىز . ئاللاھ دەيدۇ : .... ، ئېسىڭگە كەلگەندىن كېيىن، زالىم قەۋم بىلەن بىللە ئولتۇرمىغىن ، پەيغەمبەر (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) مۇنداق دىگەن : سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كىمدە-كىم بىر ئەسكى ئىشنى كۆرسە ،ئۇنى قولى بىلەن ئۆزگەرتسۇن، ئەگەر ئۇ قىلالمىسا ، ئۇنداقتا تىلى بىلەن بولسۇن، ئەگەر ئۇ قىلالمىسا ، ئۇنداقتا قەلبى بىلەن بولسۇن ـ ھەمدە ئۇ ئەڭ ئاجىز ئىيمان . (مۇسلىم نەقىل قىلغان ، 49 ) .

سىز بۇ ئىشلارغا ئىشتىراك قىلغىنىڭىزدا ، كۆپىنچە ئەھۋاللاردا سىز ئۇ ئەسكى ئىشلارنى قولىڭىز ياكى تىلىڭىز بىلەن ئۆزگەرتەلمەيسىز-سىزنىڭ قىلالايدىغىنىڭىز بولسا قەلبىڭىز بىلەن ئۆزگەرتىشلا خالاس ، ھەمدە سىز ئىشتىراك قىلىپ قالسىڭىز ھەقىقەتەن ئۇنداق قىلالمايسىز.

پەيغەمبەر (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) مۇنداق دىگەن : ئاللاھقا ۋە كىيىنكى كۈنگە ئىشىنىدىغان كىشى ھاراق ئىچىلىدىغان شىرەدە ئولتۇرمىسۇن .» ( ئەھمەت نەقىل قىلغان ، 14241، ھەمدە ئەلبانىي [إرواء الغليل ]دە ئۇنى توغرا ھەدىس دەپ تۈرگە ئايرىغان . )

چەكلىنىشنىڭ سەۋەبى ئىنىق تۇرۇپتىكى ، سىزنىڭ ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇشىڭىز ـ سىزنىڭ بۇ ئەسكى ئىشنى توغرا

قارىغانلىقىڭىزنى بىلدۈرىدۇ .

4– بۇ چەكلەنگەن ئىشلاردىن باشقا ، ناۋادا قېرىنداش بۇ مۇرەسسەلەرنى قىلسىڭىز، بۇ سىزنىڭ ئائىلىڭىزنى ئىسلامغا ئۈندەش تىرىشچانلىقىڭىزنى ئاجىزلاشتۇرۋېتىدۇ . ئۈندىگۈچى ئۆزىگە ۋە پەرۋەردىگارىغا قانچە سەمىمىي بولسا ، ئۇنىڭ باشقىلارنى ئۈندەش تىرىشچانلىقلىرى شۇنچە ئۈنۈملۈك بولىدۇ . بىراق ئۇ مۇرەسسە قىلسا ، مەيدانى تۇراقسىزلىق قىلسا ، بۇ ئۇنى باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ئىشەنچىسىز كۆرسىتىپ قويىدۇ .

ئاللاھ ياخشى بىلگۈچى.